# «جۇمھۇرىيەت ئوردېنى» ۋە دۆلەت شەرىپى نامى تەكلىپ نامزاتلىرى ئېلان قىلىندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان تۆھپىكار نەمۇنىچى شەخسلەرنى داغدۇغىلىق تەقدىرلەش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «جۇمھۇرىيەت ئوردېنى» ۋە دۆلەت شەرىپى نامىنى باھالاش، بېرىشنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. ئالاقىدار رايون ۋە تارماقلار قايتا - قايتا سېلىشتۇرۇپ تاللاش، كوللېكتىپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، تەشكىللىنىڭ تەكشۈرۈشى، بىرتۇتاش پىلانلاپ ئويلىشىشى ئارقىلىق، بىر نەپەر «جۇمھۇرىيەت ئوردېنى» تەكلىپ نامزاتى، ئۈچ نەپەر دۆلەت شەرىپى نامى تەكلىپ نامزاتى بارلىققا كەلدى. دېموكراتىيەنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىش، جەمئىيەتنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن، ھازىر ئالاقىدار نامزاتلارنىڭ ئەھۋالى ئېلان قىلىندى، ئېلان قىلىش ۋاقتى 2020 - يىلى 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن باشلىنىپ، 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئاخىرلىشىدۇ. ئەگەر تەكلىپ نامزاتىغا باشقىچە پىكىر بولسا، ئېلان قىلىش مەزگىلىدە تېلېفون، پوچتا يوللانمىسى، خەت - چەك قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق پارتىيە ۋە دۆلەت تۆھپە، شەرەپنى تەقدىرلەش خىزمەت كومىتېتى ئىشخانىسىغا ئىنكاس قىلسا بولىدۇ.

تېلېفون/ فاكس: (010) 55604356

ئېلېكترونلۇق پوچتا ساندۇقى: gxrybz2020@163.com

ئالاقىلىشىش ئادرېسى: بېيجىڭ شەھىرى شىچېڭ رايونى فۇچىڭمېن خۇتۇڭ 19 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 100032

**پارتىيە ۋە دۆلەت تۆھپە، شەرەپنى تەقدىرلەش خىزمەت كومىتېتى ئىشخانىسى**

**2020 - يىلى 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى**

«جۇمھۇرىيەت ئوردېنى» **تەكلىپ نامزاتى** جوڭ نەنشەن

**دۆلەت شەرىپى نامى تەكلىپ نامزاتلىرى** (فامىلىنىڭ بىخۇا تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

جاڭ بولى، جاڭ دىڭيۈ، چېن ۋېي

## ئاپتونوم رايونىمىز مەكتەپتىن ئايرىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشمىغان ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى مەخسۇس مەيدان توردا تەكلىپ قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى چۈنشيا خەۋەر قىلىدۇ: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىگە پائال تاقابىل تۇرۇپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتىنى ئەرتىپلىك جىپسىلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى مەركىزى «2020 ئاپتونوم رايوننىڭ مەكتەپتىن ئايرىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشمىغان ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى مەخسۇس مەيدان توردا تەكلىپ قىلىش يىغىنى» ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەكتەپتىن ئايرىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشمىغان ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بالدۇرراق، تېزرەك ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

بۇ قېتىمقى توردا تەكلىپ قىلىش پائالىيىتىنىڭ ۋاقتى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە بولىدۇ. مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرى: 2020 - يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسى بار، مەكتەپتىن ئايرىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشمىغان ئىلگىرىكى يىللاردا ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە «ئۈچكە ياردەم بېرىش، بىرنى يۆلەش» قاتارلىق ئاساسىي قاتلام مۇلازىمەت تۈرلىرىنىڭ مۇددىتى توشۇپ ئىشقا ئورۇنلاشمىغان ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار؛ ئادەم ئىشلىتىش ئېھتىياجى بار تەكلىپ قىلىدىغان ئورۇنلار.

تەكلىپ قىلىدىغان ئورۇنلار، خىزمەت ئىزدىگۈچىلەر ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى مەركىزىنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ تور بېكىتى جۇڭگو شىنجاڭ ئىختىساسلىقلار تورى(www.xjrc365.com)غا چىقىپ تىزىمغا ئالدۇرۇش ئارقىلىق، پائالىيەت رايونىغا كىرىپ تەكلىپ قىلىدىغان ئىش ئورنىنى ئېلان قىلسا ياكى قىسقىچە تەرجىمھالىنى ئەۋەتسە بولىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سائەت نۆلدىن سائەت 24كىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە دوكلات قىلىنغان يېڭىدىن كۆپەيگەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 28، يېڭىدىن كۆپەيگەن كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى سەككىز؛ 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سائەت 24كىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە ھازىر بار بولغان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 586، ھازىر بار بولغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى 114 بولغان؛ 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى سائەت نۆلدىن 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سائەت 24كىچە، پۈتۈن شەھەر بويىچە ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى جەمئىي 30 بولۇپ، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 26 يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى شاڭ يۈلەن مۇنداق بىلدۈردى: ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىساللىرى ۋە تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار سانىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، پۈتۈن شەھەردىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ چۈشىنىشى، قوللىشى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە بالدۇرراق غەلىبە قىلىش ئىشەنچى ۋە ئىرادىسى يەنىمۇ چىڭىدى.

(بېشى 1 - بەتتە)

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولۇپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 11 يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا بىرلەشمە داۋالاش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لۇ چېڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ قېتىم دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىسالىنىڭ سەككىزى ئادەتتىكى تىپلىق، تۆتى يېنىك تىپلىق. دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىن، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە دوختۇر - سېستىرالار كوللېكتىپىنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇشى - داۋالىشى، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، يۇقىرىقى ئاغرىق مىساللىرىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى سىجىل ياخشىلاندى، نەپەس يولى كېسەللىك قوزغاتقۇچى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ئۇدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق مەنپىي چىقتى، تۆرلۈك خىمىيەلىك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى، ئۆپكە قىسمىنى رېنتگېنلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ھەممىسى نورمال بولۇپ، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى(سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 7 - نۇسخىسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)»دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن.

(بېشى 1 - بەتتە)

يامان تەرەپنى ئويلاپ تەييارلىق كۆرگەندىلا، يېڭىدىن يۈزبەرگەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئېغىرلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، تەلەي سىنىماي، سەل قارىماي، بىخۇدلاشماي، ئۆزىنى قاچۇرماي، تۆۋەن چەكنى ساقلاپ، مۇداپىئە سېپىنى مۇستەھكەملەپ، خەۋپ - خەتەر ۋە كرىزىسنى كونترول قىلغىلى بولىدىغان دائىرە ئىچىدە كونترول قىلىپ، ئاچقۇچلۇق پەيتتە ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەپ، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىپ - تىزگىنلەپ، شۇ ئارقىلىق تىردىشىپ ئەڭ ياخشى نەتىجىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

بىز پەقەت قىيىنچىلىقنى كۆپرەك مۆلچەرلەپ، مەسىلىنى ئېغىرراق ئويلاپ، خەۋپ - خەتەرنى چوڭراق ئويلىساقلا، ئاندىن تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى تېخىمۇ ئەتراپلىق بېكىتىپ، يۇقۇمنىڭ تارقىلىش سۈرئىتىنى يېڭىپ، يۇقۇمنىڭ يامراش ۋەزىيىتىنى كۆچلۈك، ئۈنۈملۈك توسۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئىگىلىيەلەيمىز.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ئىنچىكە ھالقىلاردا، مۇھىم نۇقتىسىمۇ ئىنچىكە ھالقىلاردا. «تۆت بالدۇر» تەدبىرىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەھەللە باشقۇرۇشنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنى يەنىمۇ ماسلاشتۇرۇپ، كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈشكە يەنىمۇ تىرىشىپ، تەمىنات كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچلۈك قىلىپ، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىشنى يەنىمۇ ئىلمىيلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، يەنىمۇ قاتتىق تەدبىرلەر ئارقىلىق قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈپ، قەتئىي بوشلۇق قالدۇرماسلىق، قاراڭغۇ بۇلۇڭ قالدۇرماسلىق كېرەك.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسى قولغا كەلتۈرۈلمىگۈچە، بىز جەزمەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى ھەر ۋاقىت چىڭىتىپ، تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە قوشۇننى قەتئىي قايتۇرماسلىقىمىز كېرەك.

**(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش خەت ساندۇقى: xjrbplb@126.com)**



8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئەكبەر ئەمەت (ئالدىدا) مەھەللە كادىرلىرى ۋە پىدائىيلار بىلەن بىللە ئاھالىلەرگە ماددىي ئەشيا يەتكۈزۈپ بەرمەكتە.

## ئۈلتۈراق رايوندىكى ياخشى بالا

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جوۋ پېڭ خەۋىرى، فوتوسى**

21 ياشلىق ئەكبەر ئەمەت مارالبېشى ناھىيەسىدىن كەلگەن بولۇپ، شىنجاڭ يېنىك سانائەت كەسپىي تېخنىكا شۆبىئەسىنىڭ ئوقۇغۇچىسى. ئۈرۈمچىدە يېڭىدىن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، ئەكبەر ئۆزى پىراكتىكا قىلىۋاتقان جاي ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى تىنچلىق يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى دۇڭسەيىۋەن مەھەللىسىدە قېلىشنى تاللاپ، پىدائىيلار مۇلازىمىتىگە قاتناشتى.

يېرىم ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئەكبەر مەھەللە كادىرلىرى بىلەن بىللە ئۈلتۈراق رايوندا چىڭ تۇرۇپ، چىن قەلب بىلەن ئاھالىلەرگە مۇلازىمەت قىلدى. پىژغىرىم ئىسسىقتا، ئەكبەر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئاھالىلەرنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئالدىراش چېپىپ يۈرۈپ، كىيىملىرى دائىم چىلىق - چىلىق تەرلەپ ھۆل بولۇپ كېتەتتى. ئاھالە لى شۈچىن مۇنداق دېدى: «ئىككى كۈن ئىلگىرىكى بايرامدا، ئەكبەرنى كەلمەسمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم، ئويلىمىغان يەردىن ئۇ يەنىلا دەل ۋاقتىدا بىزنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىمىزنى ئۆلچەپ، بىزگە يارDEMلىشىپ تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋالدى، بىزنىڭ قەلبىمىز بەكمۇ ئىللىقلىققا تولدى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئۈلتۈراق رايونىمىزدىكى ياخشى بالا دېيدى».

ئەكبەر مۇنداق دېدى: «مەن مەھەللىگە پىراكتىكا قىلغىلى كەلگەندە، بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا بەك كۆڭۈل بۆلدى، ھازىر مېنىڭ ئۇلارغا كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە مۇلازىمەت قىلىشىم تېگىشلىك ئىش. مەن بۇ شەھەرنى سۆيىمەن، بۇ مەھەللىنى سۆيىمەن، بىز ھەممىمىز بىر ئائىلە كىشىلىرى. ئىشىنىمەنكى، بىز بىر نىيەتتە ھەمكارلاشساقلا، بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە چوقۇم غەلىبە قىلالايمىز».



8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئەكبەر ئەمەت ئاۋاز كۈچەيتكۈچ ئارقىلىق ئاھالىلەرگە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلماقتا.

**سۈرەتلىك** **ھېكايە**

(بېشى 1 - بەتتە)

ئەمەلىيەتتە، يېرىم ئېگىرىلگەن يىرىك يىپ ياكى داكا يىپنى ئېشىش، ئېگىرىش، يۆگەش ئارقىلىق ئىنچىكە يىپلىق نەيچە ئورالما يىپىغا ئايلاندۇرىدىغان بۇ يىپ ئېگىرىش ماشىنىسىدىكى ئۇرچۇقنىڭ سانى 2016گە يېتىدىغان بولۇپ، نۆۋەتتە دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن ئىنچىكە يىپ ئېگىرىش ماشىنىسى. يۇقىرى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، يىغىلىق يارىتىلغان مەركىزىي قوزغىتىش قۇرۇلمىسى يىپ سۈپىتىنىڭ يۇكسەك مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، ئۆزى پاكىزلاش، زىچ ئېگىرىش، شامال سۈمۈرۈش قاتارلىق تېخنىكىلارنىڭ قوللىنىلىشى يەنە ئاپتوماتلاشقان پىششىقلاشنى ئىشقا ئاشۇردى.

72 Zinser Ringنىڭ تېخىمۇ قالتىس تەرىپى ئۇنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى جانلىقلىقتا بولۇپ، گۈللۈك يىپ ۋە ئالاھىدە يىپ پىششىقلاش ساھەسىدە قوللىنىشقىمۇ ماس كېلىدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، جولاڭ شىنجاڭ شىركىتى ئىشلەپچىقارغان تولۇق ئاپتوماتىك ئايلانما لوڭقىلىق يىپ ئېگىرىش ماشىنىسى يېقىندا بۇ يىل دۆلەتنىڭ تۇنجى يۈرۈشلۈك مۇھىم، زور تېخنىكا جابدۇقلىرى سۇغۇرتىسى تولۇقلىما تۈرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى. پۈتۈن يەر شارىدا پەقەتلا بار بولغان ئىككى چوڭ ياساش سودىگىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جولاڭ شىنجاڭ شىركىتىنىڭ پۈتۈن ئاپتوماتىك ئايلانما لوڭقىلىق يىپ ئېگىرىش ماشىنىسى بازار ئۈلۈشىنىڭ 75%تىن ئارتۇقراقىنى ئىگىلىدى.

«بىز پۈتۈن يەر شارىدا پەقەتلا بار بولغان ئۈچ چوڭ يىپ يۆگەش ماشىنىسى ياساش سودىگىرىنىڭ بىرى، شۇڭلاشقىلا پۈتۈن يەر شارى بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئۈچ چوڭ پاختا تازىلاش - پاختا تاراشلاش بىرلەشمە ماشىنىسى ياساش سودىگىرىنىڭ بىرى؛ شىركىتىمىز ياسىغان پاختا توقۇمىچىلىق ئۈسكۈنىلىرىگە پاختىدىن يىپ ئېگىرىشكىچە بولغان پۈتۈن جەرياننى سىڭدۈرۈلگەن» دېدى جولاڭ شىنجاڭ شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى ماۋ جۈن.

### يەرلىك كارخانىلارنىڭ تېپنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش

يىپ يۆگەش ماشىنىسىدا، ئېلېكترون ئوقۇرنى ئاددىيلاشتۇرۇش تېخنىكىسى ھەمدە رادىيو چاستوتىسى پەرق ئېتىش بۇلۇت ئەشيا ئوبوروت سىستېمىسى تۇنجى بولۇپ يارىتىلدى؛ پاختا تازىلاش - پاختا تاراشلاش بىرلەشمە ماشىنىسىدا، بارلىق ئاچقۇچلۇق تېخنىكىلار دۆلەت ئىچىدە ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىنىپ ئېچىلدى، مەسىلەن، پاختا پىلتىسىنى ئاپتوماتىك تەگشەش - رەتلەش ماشىنىسى...

يادرولۇق تېخنىكىنىڭ ئۆزى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى.

جولاڭ شىنجاڭ شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ۋۇ جېڭچۈن مۇنداق تونۇشتۇردى: ئالدىنقى قاتاردىكى تېخنىكىغا تايىنىپ، 2018 - يىلى 12 - ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىنلا، جولاڭ شىنجاڭ شىركىتى 230 مىليون يۈەنلىك سېتىش سوممىسىنى ئىشقا ئاشۇردى، 2019 - يىلى، سېتىش سوممىسى 1 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يەتتى.

«شىركىتىمىز قۇرغان يىغىلىق يارىتىش مەركىزىنىڭ 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى مۆلچەرلەندى.» ماۋ جۈن مۇنداق دېدى: يىغىلىق يارىتىش مەركىزىنىڭ ئالاقىدار كەسپلەرگە تۈرتكە بولۇش رولى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، يىغىلىق يارىتىش ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش، ياسىمىچىلىقنىڭ ماسلىشىپ يىغىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، شىنجاڭ ياسىمىچىلىقىنىڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش ھەمدە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسپلەرنى يېتىلدۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا ئۆزگىچە رول ئوينايدۇ ھەم مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

يىغىلىق يارىتىشمۇ كەسىپ زەنجىرىدىكى كارخانىلارنى تېپنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە قىستىدى، بۇنىڭ شىنجاڭدا ئەمەلىي مىسالى بار بولدى.

بۇ يىل يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە، خەلقئارا تەمىنلەش زەنجىرى زەربىگە ئۇچراپ، جولاڭ شىنجاڭ شىركىتى ئىشلىتىدىغان ئۇششاق زاپچاس - ماتېرىياللارنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ كېلىشكە ئامال بولمىدى. ئۇن يىلدىن ئارتۇق مېتال ماتېرىيال ھەم مېتال تاختا پىششىقلاش تەجرىبىسىگە ئىگە شىنجاڭ رۇيلىفۇ سىپتا مېتال تاختا چەكلىك شىركىتى پۇرسەتنى بايقاپ، شۆبىتسارىيەنىڭ بېيچاۋ سىپتا ئىستانوكى ۋە ئىمپورت قىلىنغان تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئۈسكۈنىسىنى تولۇق يۈرۈشى بويىچە كىرگۈزدى، ھەر خىل مېتال تاختا ماتېرىياللىرىنى سىپتا پىششىقلاش، شەكىلگە كەلتۈرۈش بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىپ، نۆۋەتتە شىنجاڭدا جولاڭ شىنجاڭ شىركىتىنى سىپتا مېتال تاختا ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدىغان بىردىنبىر كارخانا بولۇپ قالدى.

«شىركەتنىڭ ئۇششاق زاپچاسلارنىڭ سىپتىلىق دەرىجىسىگە بولغان تەلىپى ئىنتايىن يۇقىرى، بىزنى تەمىنلىيەلەيدىغانلىقىنى كەسپىتە ئېگىزلىك نۇقتىسىدا تۇرغانلىق بولىدۇ.» ماۋ جۈن مۇنداق دېدى: بۇ، بىر قېتىملىق قوش پايدا ئالدىغان نەتىجە، ئۇششاق زاپچاسلارنى يەرلىكلەشتۈرگەندە شىركەتنىڭ ئوراش - قاچىلاش ھەم توشۇش تەننەرخىنى 15% تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ.

### يېڭى تېخنىكا بىلەن ياسىمىچىلىقنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش

جولاڭ شىنجاڭ شىركىتىنىڭ ئاپتوماتلاشقان ئىستېرېئولۇق ئامبىرىدا 20 مىڭ خىلدىن ئارتۇق ماتېرىيال ساقلانغان بولۇپ، پەقەت ئۈچ خىزمەتچى خادىم بار. ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىگە خام ئەشيا لازىم بولسا، قانداق تاپىدۇ؟

«خىزمەتچى خادىملار پەقەت زاكازغا ئاساسەن مەشغۇلات سۇپىسىدىن ماتېرىيال تېپىنى تاللىسىلا بولىدۇ، قالغىنىنى ماشىنىنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرىدۇ.» شىركەت ئەشيا ئوبوروت ئامبىرىنىڭ مەسئۇلى تيەن چاڭخاۋ مۇنداق چۈشەندۈردى: موكسىمان ماشىنا ئېگىزلىكى تەخمىنەن 12 مېتىر كېلىدىغان ئۇن مال جازىسىدىن ماتېرىيالنى ئاپتوماتىك تاللاپ ئالىدۇ ھەم ماتېرىيالنى قاچىلاپ مال جازىسىنىڭ ئاستى تەرىپىگە توشۇيدۇ، ئارقىدىن AGV ئادەمسىز توشۇغۇچى كىچىك ئاپتوموبىل سىستېمىدا تەسىس قىلىنغان لىنىيەگە ئاساسەن ئاپتوماتىك ھالدا ماتېرىيالنى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىگە توشۇيدۇ.

ئاپتوماتلاشقان ئىستېرېئولۇق ئامبار خام ماتېرىيال توشۇش ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، خادىملار تەننەرخىنى تېجەپ قالدى، ئېلاستىكلىق پىششىقلاش لىنىيەسى خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئۈسكۈنىلەرگە ئاپتوماتىك تەقسىملەپ بېرىپ، ئادەمسىز ئىشلەپچىقىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سەككىز سائەت سىرتىدىكى «چىراغ يېقىلمايدىغان زاۋۇت» دەپ تەرىپلەندى.

ئالاقە تورى، نەرسە تورى قاتارلىق يېڭى تېخنىكىلار بىلەن ياسىمىچىلىقنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشى ياسىمىچىلىقنىڭ تەننەرخنى تۆۋەنلىتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشى، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۈنۈم ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ۋۇ جېڭچۈننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، نۆۋەتتە جولاڭ شىنجاڭ شىركىتى ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان سانائەت نەرسە تورى سۇپىسىنى پائال بەرپا قىلىپ، ياسىمىچىلىقنىڭ رەقەملەشىپ تېپىنى ئۆزگەرتىشكە كۈچ قوشۇپ، تېخنىكىدا يىغىلىق يارىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نەرسە تورى تېخنىكىسىنى سانائەت ياسىمىچىلىقى مۇھىتىدا قوللىنىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈستىدە ئىزدىنىۋېتىپتۇ.

«بىز ئەقلىي ئىقتىدارلىق زاۋۇت جەھەتتە قوللىنىشنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق سېخلارنىڭ دەرىجىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرىمىز، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمىچىلىق ئارقىلىق، پۈتكۈل زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ياردەم بەرگىلى بولىدۇ، شۇنداقلا بۇ بىزنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى كونترول قىلىپ، يەرشارى توقۇمىچىلىق ماشىنىلىرى ساھەسىدە ئەڭ يۇقىرى پەللىدە تۇرىدىغان، بارلىق ئىش تەرتىپى ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان توقۇمىچىلىق ماشىنىلىرىنى ياساش زاۋۇتىنى بەرپا قىلىشىمىزغا تېخىمۇ ياخشى ياردەم بېرىدۇ» دېدى ۋۇ جېڭچۈن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)